# ئىنسان سەپەر قىلسا ياكى كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇ كىشى ئۆچۆن سەپەر قىلمىغان ۋە ساق ۋاقتىدا قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ ئوخشىشىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ

ئەبى مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسان سەپەر قىلسا ياكى كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇ كىشى ئۆچۆن سەپەر قىلمىغان ۋە ساق ۋاقتىدا قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ ئوخشىشىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ».

[تېكىست توغرا] [بۇخارى رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز پەزلى-رەھمىتىدىن خەۋەر بېرىپ، مۇسۇلمان ساق-ساغلام، سەپەر قىلمىغان ۋاقىتلىرىدا ياخشى ئەمەللەرنى تولۇق قىلىپ ئادەت قىلغان بولسا، كېسەل بولۇپ قىلىپ ئۇ ئىبادەتلەرنى تولۇق ئادا قىلالمىغان بولسا، ياكى سەپەرگە چىقىپ قىلىپ ياكى باشقا بىر ئۆزرە سەۋەپلىك تولۇق ئادا قىلالمىغان بولسا، بۇ كىشى ئۆچۆن ساق ۋە سەپەر قىلمىغان ۋاقىتلىرىدا قىلغان ئەمەللىرىگە ئەجىر بەرگەندەك تولۇق ئەجىر-ساۋاپ بېرىلىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3553